# سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام: «كېچىدە يەتمىش ئايالىمنى ئايلىنىمەن، ئۇ ئايالالارنىڭ ھەر بىرى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان چەۋەنداز تۇغىدۇ دېدى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام: «كېچىدە يەتمىش ئايالىمنى ئايلىنىمەن، ئۇ ئايالالارنىڭ ھەر بىرى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان چەۋەنداز تۇغىدۇ دېدى، ئۇنىڭغا: ئاللاھ خالىسا دېگىن دېيىلگەندە، ئۇنداق دېمىدى، كېچىدە يەتمىش ئايالى بىلەن بىرگە بولدى، ئۇلاردىن ھېچ بىرى تۇغمىدى، پەقەت بىر ئايالى پۇچۇق بالىدىن بىرنى تۇغدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا دېگەن بولسا، قەسىمى بۇزۇلمايتتى ۋە ھاجىتىنى تېپىشقا سەۋەپ بولاتتى»دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام يېنىدا ئولتۇرغانلارغا: ئۆزىنىڭ بىر كېچىدە يەتمىش ئايالى بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان بىردىن چەۋەنداز تۇغۇدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە بىرلا ۋاقىتتا يەتمىش خوتۇنىنى نىكاھىدا جۇغلاش دۇرۇس ئىدى ياكى بۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا خاس ئىدى. ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئۇنىڭغا: ئاللاھ خالىسا دېگىن دېدى، لېكىن ئۇ ئۇنتۇپ قالدى، ئۇنداق دېمىدى، ۋەدىسى بويىچە كېچىدە يەتمىش ئايالى بىلەن بىرگە بولدى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى تۇغمىدى، پەقەت بىرسى پۇچۇق بالىدىن بىرنى تۇغدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا دېگەن بولسا، قەسىمى بۇزۇلمايتتى، بۇ سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ ھاجىتى ئادا بولاتتى ۋە رىغبىتى ئەمەلگە ئاشاتتى»دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2977

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee